## 10048 ـ نىكاھ بىلەن بىر يەردە بولۇش ئارىسىنىڭ ئۇزاپ كېتىشى شەرىئەتتە ياخشى كۆرەلمەمدۇ؟

### سۇئال

نىكاھ خۇتبىسى قىلىنىپ ئايالى بىلەن بىرگە بولۇش ئارىسىدىكى ۋاقىت ئۇزاپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بىز بۇ سوئالنى مەرھۇم شەيخ ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىيندىن سورىغان ئىدۇق، شەيخ سۇئالىمىزغا جاۋاپ بېرىپ، مۇنداق دېگەن: "بۇنىڭ ھېچ زىيىنى يوق. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامئائىشە ئانىمىز ئالتە ياش ۋاقتىدا ئۇنىڭغا نىكاھ خۇتبىسى قىلغان، توققۇز ياشقا كىرگەندە بىرگە بولغان.

نىكاھلانغۇچى بەزى ۋاقىتتا قىزنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭپىكىر-قاراشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، نىكاھ ئەھدىسىدىن كېيىنلا ئايال بىلەن بىرگە بولۇشقا ئالدىرايدۇ، بۇنداق قىلىشمۇ دۇرۇس.

ئەمما مېنىڭ قارىشىمچە: ئىككى تەرەپ ئارىسىدا توي بۇزۇلىدىغان ھادىسىلەر ياكى ئىككىسىنىڭ بىرى ۋاپات بولۇش ياكى تالاققا سەۋەب بولىدىغانئامىللارنىڭ يۈزبېرىشىدىنساقلىنىشئۈچۈن، نىكاھ خۇتبىستوي كۈنى ياكى ئۇنىڭدىن بىرقانچە كۈن بۇرۇن قىلىنسا ياخشى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى ياخشىلىققا مۇيەسسەر قىلسۇن.